# پارتىيەنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتەيلى

## ـــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىكلەر مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات ـ مۇھاكىمە كۇرسىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پەن ـ مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ھەر تەرەپ، ھەر ساھەلەردە پارتىيە ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات ـ مۇھاكىمە كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش پۈتۈن ۋەزىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى كۆزلەپ، پارتىيەنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى تۈپتىن ئېيتقاندا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدىن بولدى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىقە رەھبەرلىك قىلىپ، تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىشتە، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىشتا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش» «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا جەزمەن ئەمەل قىلىنىدىغان باش پرىنسىپ قىلىنىپ، مۇنداق كۆرسىتىلدى: «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق قوزغىتىپ، ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلىشىپ، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ھەم داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشىنىڭ تۈپ ئاساسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختى، ئامانلىقىنىڭ تۈپ ئاساسى. ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنىڭ فۇنكسىيە تەقسىماتى جەھەتتە تېخىمۇ ئىلمىي، مۇۋاپىق بولۇشىغا، تۈزۈلمە ـ مېخانىزم جەھەتتە تېخىمۇ تولۇق، مۇكەممەل بولۇشىغا، يۈرۈشتۈرۈشنى باشقۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.» جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىر پۈتۈن، مۇكەممەل بولغان ئىلمىي تۈزۈم سىستېمىسى، بۇنىڭ ئىچىدە يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدىغىنى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى. شۇنى تولۇق تونۇش كېرەككى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ رەھبەرلىك تۈزۈمى. پارتىيەنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەيدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، ھەرقايسى تەرەپلىرى، ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئىلمىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، دېموكراتىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

پارتىيەنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشتە، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قارىتا چىقىرىلغان ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئالغا سىلجىتىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، كەلگۈسى بىر مەزگىلدىكى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات شارائىتىنى ئۇنىۋېرسال ئويلىشىپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىغا قارىتا سىستېمىلىق پىلان تۈزۈپ ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، «يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم» «يېڭى قەدەم» «يېڭى يۈكسەكلىك» «يېڭى ئىلگىرىلەش» «يېڭى سەۋىيە» «يېڭى يۈكسىلىش»نىڭ يېپيېڭى يۈگمە رەسىمىنى نامايان قىلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئەينەن ئۆگىنىپ، بىرمۇبىر، بۆلەكمۇبۆلەك ئۆزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلەش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇھىم نۇقتا ۋە يېڭىلىق يارىتىش نۇقتىسىنى گەۋدىلىك ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتەك ئېسىل ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، ئۇزاق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، خىزمەت ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

پارتىيەنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدىن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات خىزمىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش ھەم ماركسىزملىق پارتىيەنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا پارتىيەمىز ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان سىياسىي ئەۋزەللىك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار جەزمەن مەۋقەنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە قويۇپ، «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»نى قەلبىگە پۈكۈپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى سىياسىي ئىقتىدارى، ئىستراتېگىيەلىك نەزەرى، كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «يول ئۇزۇن، كۈرەش داۋاملىشىدۇ. بىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تۇسالغۇلارنى سۆرەپ تاشلاپ، تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ ئۆتتۇق. بىز يەنە داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك!» يېڭى مۇساپىنى باشلاپ، يەلكەننى چىقىرىپ قايتا ئاتلىنىپ، تولۇق تەييارلىق قىلىپ، روھنى چىڭ تۇتۇپ، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، جاپالىق ئەجىرىمىز بىلەن ھوسۇل ئېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ پۈختا ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا، بىز چوقۇم يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى باش نىشان، يېمەكلىككە ئىشلىتىلىدىغان مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى نۇقتىلىق ۋەزىپە قىلىپ، رايونلاردىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق تېرىش ئاساس قىلىنغان تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، تېرىلغۇ يەرنى «ئاشلىق تېرىشتىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش» خاھىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن پۇختىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ھەقىقىي ئىگىلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى، قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى خاتىرىلەش تۈزۈمى، مۇھىم، زور قانۇن ئىجرا قىلىش قارارىنى قانۇنچىلىق جەھەتتىن تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمىدىن ئىبارەت «ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم»نى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تۇتقا. دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش «دەل» بولۇش، تەلەپ «قاتتىق» بولۇش، ئۈنۈم «ياخشى» بولۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە جاۋابكارلىققا تارتىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پۈختا ئالغا سىلجىتىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتىگە بولغان ۋاقىت خاراكتېرلىك، جەريان خاراكتېرلىك، سىستېما خاراكتېرلىك باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئادىل، مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچ كۈچىنى قوغداش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

3 ـ قېتىملىق مەركىز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# ئاپتونوم رايونىمىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرى تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرى %69نى ئىگىلىدى

شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى ئەمەلىيىتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى شىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش بايلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرتۇتاش پىلانلاپ تەقسىملەپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ساھەسىدىكى كۆپ تەرەپتىن، كۆپ قاتلامدىن، قايتا ـ قايتا تەكرارلانغان قانۇن ئىجرا قىلىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارى ۋە قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قانۇن بويىچە قوغداشنى تېخىمۇ سالمىقى بار قىلىش ئۈچۈن، يېقىندا ئاپتونوم رايونىمىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرى تىزىملىكى (2020 ـ يىللىق نۇسخىسى) (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تىزىملىك» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى.

«تىزىملىك»تە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش ۋە بىر قىسىم قانۇن ـ نىزام، قائىدە چىقىرىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، بىكار قىلىش، ئىزاھلاش ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش تارماقلىرى قانۇن بويىچە يولغا قويغان مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرى تەپسىلىيلەشتۈرۈلگەن، تولۇقلانغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرىدىن جەمئىي 178 تۈر بېكىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي جازا ئىشلىرىدىن 163 تۈر، مەمۇرىي مەجبۇرلاش ئىشلىرىدىن 15 تۈر بار. بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي بايلىق، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، سۇچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق قاتارلىق تارماقلار تەرىپىدىن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگىنى سەككىز تۈر بولۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت چېگراسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق ئايرىلىپ، چېگراسى ئېنىق، ماسلاشقان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

«تىزىملىك»تە 178 تۈردىكى قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ نامى، ۋەزىپە ـ ھوقۇق تۈرى، يولغا قويۇش ئاساسى، يولغا قويۇش سۇبيېكتى ۋە مەسئۇلىيەت سۇبيېكتى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ساھەسىدە «ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغانلارنى تىزىملىككە قاراپ جاۋابكارلىقتىن كەچۈرۈم قىلىش، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلارنى تىزىملىككە قاراپ جاۋابكارلىققا تارتىش»تىن ئىبارەت مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى ئاساس بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قانۇن ئىجرا قىلىشنى تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە قىلىنغان. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بىرىنچى مەسئۇلىيەت قاتلىمى بولۇش سۈپىتىدە قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرىنىڭ %69نى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش ئىسلاھاتىنىڭ «قانۇن ئىجرا قىلىش كۈچىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش» توغرىسىدىكى ئالاقىدار تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھات خىزمىتى ۋەزىپىسىگە تولۇق ماسلاشقان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرى تىزىملىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تارماقلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. «تىزىملىك» ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قانۇن ئىجرا قىلىش خادىملىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەم قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش كىتابى، ھەم مەسئۇلىيەتنامە. كېيىنكى قەدەمدە ئاپتونوم رايونىمىز «تىزىملىك»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيەسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تەڭ ئېتىبار بېرىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ۋە ئۇنى ياخشى قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

# ئاپتونوم رايون مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 2020 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ 432 مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 467 كىشىگە تەنقىد ـ تەربىيە، ياردەم بېرىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسىدىن 293ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىسىدىن 139ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ 361 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك بىر كىشى، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك 12 كىشى، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك 348 كىشى بار.

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان 432 مەسىلىدىن قارىغاندا، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماي، قىلىدىغاننى قىلماي، قالايمىقان ئىش قىلىپ، ساختا ئىش قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان مەسىلە 272 بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %92.83نى ئىگىلىگەن؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا داڭلىق قىممەت ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش ـ سوۋغا قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قوشۇمچە پۇل، ياردەم تولۇقلىمىسى ياكى پاراۋانلىق تارقىتىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، تەبرىكلەش ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈردىكى مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان، بۇ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %40.29، %23.02، %7.91نى ئىگىلىگەن.

ئىستاتىستىكىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2020 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىدىن جەمئىي 7023ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 7676 كىشىگە تەنقىد ـ تەربىيە، ياردەم بېرىلگەن ۋە بىر تەرەپ قىلىنغان، 4571 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلگەن.